# مۇھەببەت (ئابدۇغەنى خال)

ئىككىمىز تونۇشقىلى خىلى ۋاقىت بولدى
گەپ سۆزىمىز يامان ئەمەس ھەم ياخشى بولدى
نىمە ئۈچۈن تەلپىمنى دائىم رەت قىلىسەن
سەن ئۈچۈن يۈرەگىم كۆيۈپ كۆل بولدى

ئىشەنگەن تاغلاردا ئەسلا كىيىك يوق
دۇنيادا توزىماس ھىچ قانداق گۈل يوق
توزىدى ياشلىقتىك غۇنچە گۈللەرى
ساڭا قاراپ سايرىغۇدەك بۇلبۇلمۇ يوق

مۇھەببەت ۋىجداندىن ئەسلا ئايرىلماس
ۋىجدانسىز مۇھەببەت مەڭگۈلۈك بولماس
ئىككىمىز قۇرغان ئوتلۇق مۇھەببەت
ۋىجداندىن پاكلىقتىن ئەسلا ئايرىلماس.

# سەندىن باشقا

يايرىم مەن سىنى بار دەپ،
بىرىپ مەلەڭدە ئوينايمەن.
يار مەلاڭدە بولمىساڭ ،
تاڭ ئاتقۇچە كەتمەيمەن.

سەندىن باشقا-سەندىن باشقا،
سەندىن باشقا يارىم يوق.

يايرىمنىڭ مېڭىشلارى ،
ماڭسا قول سېلىشلارى.
ھېچ كىشىگە ئوخشىماس،
قايرىلىپ قاراشلارى.

سەندىن باشقا-سەندىن باشقا،
سەندىن باشقا يارىم يوق.

# يار دەردى

يارىم مېنى تىللايدۇ،
بىقۇۋالغان بالىسىدەك. ئەي.......
تىللىسىمۇ تىللىسۇن،
ياردىن كۆڭلى قالمىسۇن. ئەي..........

قارا قاش مېنىڭ يايرىم،
مېنى كۆزگە ئىلمىدى يەي......
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
ماڭا ۋاپا قىلمىدى يەي....

# ياشسۇن

يۇلەكسىزنى يۇلىگەنلەر ياشسۇن،
يۆگەكسىزنى يۆگىگەنلەر ياشسۇن.
ئۇزى ئالماي گۇھەر ياغسا ئاسماندىن،
ئەلگە يامغۇر تىلىگەنلەر ياشسۇن.

سۇغارغاندەك سايە بەرگەن چىنارنى،
ئاتا قەرزى تۆلىگەنلەر ياشسۇن.
ئىتى هارسا ئانا چۈشكەن هارۋىنىڭ،
ئۇزى ئاتا بۇپ سۆرىگەنلەر ياشسۇن.

ئۆزگىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن دەرت تارتىپ،
ئۇزى راهەت كۆرمىگەنلەر ياشسۇن.
يۇقسۇزلۇقتا ئۇتى ئۈچكەن يۇقسۇلنىڭ،
ئۈچىقىنى پۈۋلىگەنلەر ياشسۇن.
ئۇنتۇلمسۇن ئارمان بىلەن كەتكەنلەر،
ئۇمىدلىرى ئۆلمىگەنلەر ياشسۇن.

## کبرەك

سۆیگۆنۆمنك سۆیگۆسی
دىلدىن کەتمسە کبرەك.
یار کەتتە بۆ ئازارغا
سەۋرىم یەتمسە کبرەك.

یار کەلمەیدۆ مەن تامان،
ئەجەپکی بولسام یامان،
ئشقىم بار دىگەن جانان
ئەمدی کەلمسە کبرەك
ئا.......... ئەمدی کەلمسە کبرەك
ئا..........سەۋرىم یەتمسە کبرەك.

سۆیەر ئىدىم نازىنی،
خۆش مەیىن هاۋازىنی،
ئول یار کۆڭۆل رازىنی،
ماڭا ئێیتمسا کبرەك.
ئا........ماڭا ئێیتمسا کبرەك.
ئا..........سەۋرىم یەتمسە کبرەك.

تاشلاپ کەتتی گۆلۆمنی،
کۆککە چاچتی کۆلۆمنی،
ۋەیران بولغان دىلىمنی.
داۋا ئەتمسە کبرەك.
ئا........ داۋا ئەتمسە کبرەك.
ئا.........سەۋرىم یەتمسە کبرەك.

< ئانا > ئابدۇللا ئابدۇرېھەم

پەرزەنتىم دەپ زار ئۆتكەن ئانا ،
تەنھالىقلىك ساڭا يار يۆلەك .
شاماللارغا تۆكسەڭ دەردىڭنى ،
ھېچكىم بىلمەس ئۆزىڭدىن بۆلەك .

ئانا ........مېھرىبان ئانا ،
ئانا ........ قەدىردان ئانا .
ئانا ............مېھرىبان ئانا ،
ئانا ............پەرىشتەم ئانا .

كىرپىك قاقماي قانچىلاپ تۈندە ،
تۈننى كۈنگە ئۇلىغان ئانا .
كۆزلەرىمدىن تامچە ياش ئاقسا ،
يۈرەگىڭدىن قان ئاقتى ئانا .

مۇھەببەتلىك گۈزەل ئالەمنىڭ ،
قۇياشىسەن مېھرىبان ئانا .
مېھرىڭ گويا دېڭىزدىن چوڭقۇر ،
پەرىشتەم سەن مېھرىبان ئانا .

## سۇلغان گۈل

سەن قەلبمدە گۈل رەيھان ئىدىڭ،
قەھرتاندا قىشتا ئېچىلغان.
سۆيگۈ بىغى ئىدى گۈلزارلىق،
سەن بىر رەيھان ئاڭا خۇشپۇراق چاچقان.

ئەپسۇس سۆيگۈ قالدى ئارماندا،
سۇلغىنىڭنى كۆرۈپ پەرىشان.
نىچۈن گۈلۈم سۇلسەن بالدۇر،
تىلەكلەرنى قالدۇرۇپ پىنھان.

پۇشايمىنىم دىلىمغا ئاچچىق،
ئەسلىتىدۇ ئۆتمۈش ئازاپنى.
سۆيگۈ بىغى سىنىڭسىز يالغۇز،
ئەسلەرھامان گۈزەل ھاياتنى.

چۈش بولسىچۇ كۆرگۈنۈم ھەممە،
يىغلاپ يىغلاپ ئويغۇنۇپ كەتسەم.
كۆزلىرىڭگە ئۈمىدلىك بىقىپ.
ۋىسالىڭغا ئارمانسىز يەتسەم.

## • ئوردا خێنم

ئوردا خێنمنك يوللاری ئاللا يەي
دۆۋە-دۆۋە قۆملاری يەي
ئيپتسام ئێتسام تۆگمەس ئاللا يا ئاللا
سەن يارمنك دەرتلری يەي
گورا ئچی قاراڠغۆئاللا يەي
چراغنڠی ئێلپ بار يەي
كەربالانك چۆلدە ئاللا يا ئاللا
تۆگمەس ناخشاڠنی چال يەي
ئاللا......
سێنی دددم گۆزەل يار ئاللا يا ئاللا
زاره- ناله ئەيلددم يەي.

# كۈلكىگە يوشۇرۇلغان يىغا

بۇ دۇنيا ئەسلىدە يىغلاڭغۇ ئەمەس،
بولۇتمۇ سەۋەپسىز تۆكمەيدۇ كۆز ياش.
مېھىر بېرىمەن دەپ قەھرىنى بېرىپ،
قارلارنى يىغلىتىپ ئۆتىدىكەن قۇياش.

تەبەسسۇم كۈلىدە يىغا كىمىسى،
مەنزىلسىز پەرۋاسىز يۈرىدۇ لەيلەپ.
بىر بۇردا زاغرىغا زار بولغان كەبى،
تەبەسسۇم كۈلكىلەرگە زار بولدۇق بىز ئەجەپ.

تۇيۇقسىز كەلگەندە يىغا كەلكۈنى،
توغان قۇرىمەن دەپ بولما ئاۋارە.
ئەڭ ئاخىرقى رەت تەبەسسۇم ئۈچۈن،
ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە

# مەن باراي

سەن ئۈچۈن كىزىپ جاھان ئاشىق چۆلگە مەن باراي،
سىنى دەپ جىنىم پىدا تەكتى ماكانىغا مەن باراي.
يەتسە گەر مۇشەققەت ياكى دەرت- ئەلەم ساڭا،
دەردىڭگە دەرمان بولۇپ جەۋرى- جاپاغا مەن باراي.

مەيلى سەن چۆلگە ھەم جەننەت بولاقىگە مەن،
كەل دىسەڭ تاغۇ- دەريا كىزىپ مەن باراي.
تىلىكىم شۇ بەرسە سۆيگۈمىزگە ئادىل باھا،
بىر ئۆمۈر سىرداش بولۇپ بەخت- تەختىگە مەن باراي.

- ## ئىز

ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپقالدى ئەنە نەۋرىمىز.
ئازئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.
قالدى ئىز،چۆللەر ئارا،گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى-نى ئارسلانلار شۇ دەشت-چۆلدە قەبرىسىز.
قەبرىسىز قالدى دېمەڭ،يۇلغۇن قىزارغان دالىدا،
گۈل چىچەككە پۈركىنۇر تاڭنا باھاردا قەبرىمىز.
قالدى مەنزىل،قالدى ئىز،قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،
چىقسا بوران كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.
توختىماس كارۋان يولىدىن،گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپقۇسى بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز يا ئەۋرىمىز.

# ئەللەي بالام

ئەللەي بالام ئەللەي سالىخ بالام ئەللەي
سنى بەرگەن رەببىمگە هەمدۇ سانا ئەللەي.
ئەللەي بالام ئەللەي مومىن بالام ئەللەي.
سنى بەرگەن رەببىمگە هەمدۇ سانا ئەللەي....

بولغىن باغىمنىڭ گۈلى سەن ئاللاھنىڭ قۇلى.
سەن مۇھەممەد ئۈممەتى بولدىڭ ئىمنىڭ قۇۋۋەتى
ئىمانلىق بول جان بالام سنى سۆيەر بۇ ئالەم.
نامازخان بول جان بالام تاھارەتلىك پاك ئالەم.

ئەللەي!
ئەللەي !
ئەللەي بالام ئەللەي!سالىخ بالام ئەللەي
سنى بەرگەن رەببىمگە،هەمدۇ سانائەللەي
ئەللەي بالام ئەللەي،مومىن بالام ئەللەي.
سنى بەرگەن رەببىمگە،هەمدۇ سانا ئەللەي
ئەللەي. ....
ئەللەي بالام ئەللەي!سالىخ بولغىن جان بالام.
دىللەرى بىر بالام هەفىزىللاھ بول بالام.
كۆرگەندە كۆز كۆنسۇن،قارا يۈقۇرراق ئالەم.
ئاخىرەتتە ئىلاھىم ،تاج كەيدۈرگىن جان بالام.
ئەللەي !
ئەللەي بالام ئەللەي!سالىخ بالام ئەللەي
سنى بەرگەن رەببىمگە،هەمدۇ سانا ئەللەي ...

## سىغىنىمەن (مۆمىنجان ئابلىكىم)

يانماي پەقەت كۆڭۈلنىڭ پەيلى،
مەجنۇن بولدۇم سەن گويا لەيلى.
شۇنداق ئىكەن يۈرەكنىڭ مەيلى،
سىغىنىمەن سىغىنىمىسامۇ.

يىراقلاردا قىپ قالدى ناۋا،
ئىزدەپ يۈرۈپ دەردىمگە داۋا.
قانداق ئوي بۇ بىلمىدىم تۇۋا،
سىغىنىمەن سىغىنىمىسامۇ.

قانداق دەرت بۇ بىلمىدىم تۇۋا،
سىغىنىمەن سىغىنىمىسامۇ.

يىغلاپ يىغلاپ كۆرمەي قاراڭنى،
پەقەت سەندىن باشلاپ پاراڭنى.
ئۇخلىمايلا ئاتقۇزۇپ تاڭنى،
سىغىنىمەن سىغىنىمىسامۇ.

ۋىسالىڭسىز سۆيگۈ سۇلامدۇ،
بۇ يۈرەكلەر دەرتكە تولامدۇ.
قەلبىڭ بىلەن سۆيسەڭ بولامدۇ،
سىغىنىمەن سىغىنىمىسامۇ.

قەلبىڭ بىلەن بىلسەڭ بولامدۇ،
سىغىنىمەن سىغىنىمىسامۇ.

يول بەرگىن

يول بەرگىن يول ئىزلىگەنلەرگە،
سەپەرگە ئاق يول تىلەپ.
قول بەرگىن پاك مېھرىڭ بىلەن ،
يۈكسەكلەرگە كەتسۇن ئۆرلەپ.

كۆڭۈلدىن سۇ ئىچسۇن كۆڭۈل،
قېنىمسۇن يۈرەكنى ھەسرەت.
يازنىڭ ئالتۇن ئاپتىپىدا،
ھەممىمىزگە ،ياغسۇن ئامەت.

سۆيگۈ بولسا دىلدا ھەر دەم،
كۆكسىمىزگە سىغار ئالەم .
چاقنار كۆڭۈل ئاسمانىدا،
يۇلتۇز بولۇپ، جەمى ئادەم.

............
يول بەرگىن يول ئىزلىگەنلەرگە،
سەپەرگە ئاق يول تىلەپ.
قول بەرگىن پاك مېھرىڭ بىلەن ،
يۈكسەكلەرگە كەتسۇن ئۆرلەپ.

كۆڭۈلدىن سۇ ئىچسۇن كۆڭۈل،
قېنىمسۇن يۈرەكنى ھەسرەت.
يازنىڭ ئالتۇن ئاپتىپىدا،
ھەممىمىزگە ياغسۇن ئامەت.

- **ئابدە**

ئاسماندىكى ئايدەك يۈزۈڭ ،
چولپان ھەم كۆزۈڭ .
نۇرلاندۇردۇڭ قەلبىمنى ،
قۇياش سەن ئۆزۈڭ.

غۇبارسىز پاك قەلبىڭ جانان ،
نۇرلۇق ئاسماندەك .
خىجىل قىلۇر بۇلبۇلنىمۇ ،
خۇشناۋا سۆزۈڭ .

شۇڭا ساڭا كۆيۈپ يۈردۈم ،
سۆيگۈمنى تىلەپ .
پەرۋانە بوپ ئەتراپىڭدا ،
يۈردۈم تەمتىرەپ .

ئاشىق - مەشۇق ئىزناسى ،
قالسۇن دىللاردا .
ھەر ئاشىققا ئۇنتۇلماس ،
ئابدە بولۇپ .

# ئۆز يايرىك

ئۆزگە باغقا كۆز سالما ئۆز بېغىڭدا گۈلزارىك،
نىمە تەشۋىش ئالەمدە تۇرسا ياندا ئۆز يايرىك.
ئاشناڭ ساڭا ئاش بەرمەس قازنىندا ۋاپانىك،
ئاغرىپ قالساڭ پەرۋانە ئەتراپىڭدا ئۆز يايرىك.

تىكەن كىرسە قولۇڭغا ھېچكىم بۇنداق ئالالماس،
پىچاق كىرسە قولۇڭغا يايرىم ھېچكىم بۇنداق تاڭالماس.
يۆلەپ يۈرەر بىر ئۆمۈر بۇلۇپ قالساڭ تاڭالماس،
نىجاتلىق بار سەن ئۆچۈن ياققان شامدا ئۆز يايرىك.

يۈگرەپ چىقار ئالدىڭغا قايتىپ كەلسەڭ سەپەردىن،
ئىسسىلدۇ بوينۇڭغا يايرىك ئامان بولساڭ خەتەردىن.
يامان ئىش يوق ئالەمدە يارسىز بويتاق ئۆتەردىن،
تۆنەپ چىقار سەن ئۆچۈن ئەسكى تامدا ئۆز يايرىك.

چىنىسدىن ئىلغايدۇ قىيمىسنى چىنەڭگە،
پۇل يوق چاغدا بىچارە يايرىك بىللە چىقار بىنەمگە.
باي بولغاندا ياتقۇزىدۇ ئاۋۋال سىنى گىلەمگە،
تولغۇنسەن راھەتتە ئۆيغاتقاندا ئۆز يايرىك.

ئۆزگە باغقا كۆز سالما ئۆز بېغىڭدا گۈلزارىك،
نىمە تەشۋىش ئالەمدە تۇرسا ياندا ئۆز يايرىك.
ئاشناڭ ساڭا ئاش بەرمەس قازنىندا ۋاپانىك،
ئاغرىپ قالساڭ پەرۋانە ئەتراپىڭدا ئۆز يايرىك.

## باشلىق كېلىدۇ

ھەممە پۇقرا يۈيۈپ تارانسۇن باشلىق كېلىدۇ.
ئۆزۈن كېيىپ ئۆز ياسانسۇن باشلىق كېلىدۇ.
ھويلا- ئارام تازىلانسۇن باشلىق كېلىدۇ.
يول- يوللارغا سۇ سېپىلسۇن باشلىق كېلىدۇ.
لۆزۈنكىلار چوڭ ئېچىلسۇن باشلىق كېلىدۇ.

تام- تاملارغا شۇئار ئېسىپ يەملەپ قۇيۇڭلار،
قائىدە ۋە تۈزۈملەرنى پەملەپ قۇيۇڭلار،
سىلىقلارنى سىياسەتكە چەملەپ قۇيۇڭلار،
ناۋات سىلىپ چاينى تاتلىق دەملەپ قۇيۇڭلار.
بۇغالتىرمۇ شاش كۆرۈنسۇن باشلىق كېلىدۇ.

باشلىق كېلىپ ئايلىنىدۇ يېقىن- يىراقنى،
ئىلۇۋىتىڭلار يول- يوللاردىن تاقىر تۇساقنى،
چىمى يولدا ساقچى تۇتسۇن كالتەك- چوماقنى،
جىمى ئاۋام چىقسۇن يولغا چالسۇن چاۋاكنى،
مۇمايلارمۇ ئۇسما قويسۇن باشلىق كېلىدۇ.

باشلىق كېلىپ كەتكۈچىلىك تەزمەي تۇرۇڭلار،
پاختىلارنى كۆرىۋالسۇن تەرمەي تۇرۇڭلار
ئەتكەن پولا شورپىلارنى يىمەي تۇرۇڭلار
سەكراتقىمۇ چۈشكەنلەر ھەم ئۆلمەي تۇرۇڭلار،
توپاقلارمۇ ھەم مۆرۈمسۇن يەنە باشلىق كېلىدۇ.

ئەسكى- تۇسكى لازىملىقلار جايلاپ قۇيۇلسۇن،
قۇتۇر ئۈچكە ئېشەككىلەر ھەم مايلاپ قۇيۇلسۇن
ئاش تاغىرى تۇمشۇقىغا لىقلاپ قۇيۇلسۇن، ،
ئۆتنە قىلىنىك مال- چارۋىلار جىقلاپ قۇيۇلسۇن،
تازلارمۇ چاچ مايلاپ تۇرسۇن باشلىق كېلىدۇ.

«يارغا مەكتۇپ»

كەلسەڭ ئەگەر بۆگۈن كەل يارىم،
تاڭنا كەلسەڭ بۇ چىرايىم يوق.
ئۆمۈر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ،
ياشلىق دىگەن بىرگە دائىم يوق.

ئارىسىدا يىگىت قىزلارنىڭ،
بۆگۈن كەلگىن ئەتە جايىڭ يوق.
تەنھالىقتا كۆنمەيمەن ئەمدى،
ئۆتتى كۈنلەر ياندا يارىم يوق.

تاڭنا كۆرۈپ تونارسەنمۇ دەپ،
شۇندىن ئۆزگە مەندە ۋايىم يوق.
كىرمەيمەن ئەمدى باغلارغا يالغۇز،
جەننەتكىمۇ سەنسىز رايىم يوق.

تۈنۈگۈنلا تاغنى ئات قىپ مىنىشمىگەنمۇ،
بىر نان تاپساق تەڭ بۆلۈشۈپ يېيىشمىگەنمۇ.
بىلىجان تۇتۇپ سازلىقلاردا كىچىك چېلەككە،
غازاڭ يىغىپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشمىگەنمۇ.
غازاڭ يىغقان شۇ دوستلارنى سېغىندىم بۈگۈن.

بالىلىقتىن تالاي تەشكەن شورىلارنى بىز،
باققا كىرىپ قېقىۋەتكەن غورىلارنى بىز.
تۈن نىسپىدە تۇتۇۋېلىپ توخۇ كەپتەرنى،
قاتلاپ سېلىپ كۆپ قايناتقان كورىلارنى بىز.
باققا كىرگەن شۇ دوستلارنى سېغىندىم بۈگۈن.

ئۆتتى ئايلار ئۆتتى كۈنلەر ئۆتتى كۆپ يىللار،
تىرىكچىلىك غېمى بىلەن ئاقاردى چاچلار.
ئارىمىزدىن كەتسە بىرى تارتىشتۇق ئاھا،
جۇدالىقتا ئۇزاتتۇق بىز تۆكۈپ كۆز ياشلار.
ئاشۇ غەمسىز بالىلىقنى سېغىندىم بۈگۈن.

# يامغۇرلۇق كىچە

بىرىپ سىنىڭ سوغۇق مەلەڭگە جىنىم،
تەلمۇرۇدۇم دەرىزىلىرىڭگە يايىرىم.
چىقمىدىڭغۇ ئەمما يىنىمغا مىنىڭ ،
كۆرمىدىڭمۇ ياغدىغۇ يامغۇر.

بورانلىق كىچە ، يامغۇرلۇق كىچە،
ساقلىدىم سىنى تويپتوغرا بىر كىچە.

ئولتۇرسام مەلەڭدىكى سۆگەت تۆۋىدە،
پەقەت بولدى ئاي ھەمرا ماڭا جىنىم.
ھەيران قالدىم شۇ بۇلۇتتىن چىقتى ئەشۇ ئاي،
سەن بولالماسەن ئاشۇ ئايچىلىك.

بورانلىق كىچە ، يامغۇرلۇق كىچە،
ساقلىدىم سىنى تويپتوغرا بىر كىچە.

# سۆيەلمىسەممۇ

يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەچكە مەن،
ئازاپلارنى كۆپ تارتتىمغۇ يار.
گاھى كۆلۈپ گاھ يىغلىدىم،
بىراق بىلمەي يۈرۈۋەردىڭ سەن.

تېپىۋاپسەن باشقا بىرىنى،
بىلمىدىڭمۇ سۆيگىنىمنى سەن.
شۇندا باغلار يۈرگەن ئەقىدەم،
ئازاپلارغا قالار بولدۇممەن.

گەرچە سىنى سۆيەلمىسەممۇ ،
ساڭا مەڭگۈ بەخت تىلەيمەن،
مۇھەببەتتە بىر بولالمىساممۇ،
ساڭا ئامەت يار بولسۇن دەيمەن..

# قوشماق

بۇ تۇرمۇشتا كۆپتۇر قوشكېزەك،
قوشكېزەكتۇر مۇھەببەت - نەپرەت.
باھارنىڭمۇ قار- جۇدۇنى بار،
مەدھىيەگە ھەمرادۇر غەيۋەت.
نەقرات:
ئا.................دۇنيا..........
چۈشەنمەك تەس ئىنسان خۇيى- پەيلنى.
ئا............... ئىنسان............
چۈشەنگەيسەن بىلگەيسەن ھايات يۇلنى.

گاھى ئاچچىق ۋە گاھى تاتلىق،
قوشماقلارغا تولغان بۇ تۇرمۇش،
بەخت- سائادەتكە باشلار،
ھاياتلىقتا توغرا يول تۇتۇش.

بەرمەيمەن

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن، جانغا مېھرى ئۆرتەنگەن،
ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى تەڭرىتاغنى بەرمەيمەن.
تۇغۇلغاندا بۆشۈكتە ئانام تەكىي ئورنىدا ——
باشقا قويغان مامۇقۇم ئالتاي تېغىن بەرمەيمەن.
بۆشۈكۈمدىن تۇرغاندا، تەمتىلەپ يول ماڭغاندا،
پۇت قويغان ئالتۇن تېغىم —— قاراقۇرۇم بەرمەيمەن.
يالقۇنتاغنىڭ تەپتىدىن سەگدەيمەن دېگەندە،
جانغا راھەت پامىرىم —— ئۆگۈزۈمنى بەرمەيمەن.
تاغلىرىمدىن ئاشىمەن، قۇملىرىمنى كېزىمەن،
بۇ يۇرتۇمنىڭ قوينىدا ئاشىق كەبى سەۋدايىمەن.
دەريالارنى،دېڭىزلارنى، ئوكيانلارنى بەرسەڭمۇ،
تاغلىرىمنى بەرمەيمەن، قۇملىرىمنى بەرمەيمەن.
جۇڭخۇا ئېلىم گۈلتاجى، ئالتۇن تاجى، خانتاجى،
بۇ ۋەتەننىڭ جۇلاسى، قاشۇ-كۆزىن بەرمەيمەن!

# بىزنىڭ ناخشىمىز

كىزەر ناخشىمىز ھەريانىنى،
ساداسى ياڭرىتىپ جاھاننى.
بۇلۇپ كاككۇكقا جۆر بۇلبۇل،
قىزىتقاي باغۇ- بوستاننى.
نەقرات:
بىزنىڭ ناخشىمىز ياڭرايدۇ،
چالغان سازىمىز ياڭرايدۇ.
ئېيتقان ناخشىمىز كۆڭۈل خۇشى،
ئەل زوق بىلەن ئاڭلايدۇ.

يۈرەك ئۇرغۇسا شادلىقتىن،
كۈلەر ئورمان- چىمەنزارلار.
كىشى ناخشىنى ئېيتقاندا،
كىلەر ئەسكە گۈزەل چاغلار.
نەقرات:
بىزنىڭ ناخشىمىز ياڭرايدۇ،
چالغان سازىمىز ياڭرايدۇ.
ئېيتقان ناخشىمىز كۆڭۈل خۇشى،
ئەل زوق بىلەن ئاڭلايدۇ.

ئەي......قېنى دوستۇم سۇرۇپ دەۋران،
ئەي.......جاھانغا ياڭرات ناخشاڭنى.
ئەي.......سەھەر ئاشناسى قۇشلاردەك،
ئەي.......باھار ئەيلە دىلدا ئارمانى.

نەقرات:
بىزنىڭ ناخشىمىز ياڭرايدۇ،
چالغان سازىمىز ياڭرايدۇ.
ئېيتقان ناخشىمىز كۆڭۈل خۇشى،
ئەل زوق بىلەن ئاڭلايدۇ.

# ئادارگۈل

لاچىن سوققان توشقانىنىڭ دادەي ۋاي ئادارگۈل،
جاڭگالدا ئۆۋاسى بار دوست ئادارگۈل.
بىز غىرىپ مۇساپىرنىڭ دادەي ۋاي ئادارگۈل،
بۇ يۇرتتا ۋاي نىمەسى بار.

ئاتامغا نىمە دەپ يىغلاي دادەي ۋاي ئادارگۈل،
ئانامغا نىمە دەپ يىغلاي دوست ئادارگۈل.
ئىتىمنىڭ ئالدىدىن ئاشقان دادەي ۋاي ئادارگۈل،
ساماندەك سارغىيىپ يىغلاي.

ئاتاسى بار توشقانىنىڭ دادەي ۋاي ئادارگۈل،
ئاناسى بار توشقانىنىڭ ۋاي ئادارگۈل.
بۇ يۇرتتا نىمەسى بار دادەي ۋاي ئادارگۈل،
بىزدەك بەختى قاچقانىنىڭ.

# سۆيەلمىسەممۇ

يۈشۈرۈن كۆيۈپ يۈرگەچكە مەن،
ئازاپلارنى كۆپ تارتتىمغۇ يار.
گاھى كۆلۈپ گاھ يىغلىدىم،
بىراق بىلمەي يۈرىۋەردىڭ سەن.

تىپىۋاپسەن باشقا بىرىنى،
بىلمىدىڭمۇ سۆيگەنىمنى سەن.
شۇندا باغلار يۈرگەن ئەقىدەم،
ئازاپلارغا قالار بولدۇممەن.

گەرچە سىنى سۆيەلمىسەممۇ ،
ساڭا مەڭگۈ بەخت تىلەيمەن،
مۇھەببەتتە بىر بۇلالمىسامۇ،
ساڭا ئامەت يار بولسۇن دەيمەن..

# يامغۇرلۇق كېچە

بېرىپ سىنىڭ سوغۇق مەلەڭگە جىنىم،
تەلمۈرۈدۇم دەرىزىلىرىڭگە يايرىم.
چىقمىدىڭغۇ ئەمما يېنىمغا مىنىڭ ،
كۆرمىدىڭمۇ ياغدىغۇ يامغۇر.

بورانلىق كېچە ، يامغۇرلۇق كېچە،
ساقلىدىم سىنى توپتوغرا بىر كېچە.

ئۇلتۇرسام مەلەڭدىكى سۆگەت تۈۋىدە،
پەقەت بولدى ئاي ھەمرا ماڭا جىنىم.
ھەيران قالدىم شۇ بۇلۇتتىن چىقتى ئەشۇ ئاي،
سەن بولالماسەن ئاشۇ ئايچىلىك.

بورانلىق كېچە ، يامغۇرلۇق كېچە،
ساقلىدىم سىنى توپتوغرا بىر كېچە.

# ياخشى كۆرىمەن

كۆزلىرىمدىن ئاقسىمۇ قان-ياش ،
سېن باردەپ بىغەم يۈرۈيمەن.
بارچە دەرتكە بېرىمەن بەرداش،
چۈنكى سېنى ياخشى كۆرىمەن.

سۆيمىسەڭمۇ مېنى چىن دىلدىن ،
سەندىن ئۈمىت ئۈزمەي يۈرىمەن.
ئالدىساڭمۇ مەيلى ئالدىغىن،
سېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن .

ئايلاپ - يىللاپ كۆرمىسەم مەيلى ،
سۈرىتىڭگە قاراپ يۈرىمەن .
چىن كۆڭلۈڭنى بەرمىسەڭ مەيلى،
تائەبەتكە سېنى كۈتىمەن .

ئەسلى- ۋەسلىم قۇرۇپ كەتسىمۇ ،
شاھ بوپ بېشىم كۆككە يەتسىمۇ،
سېنىڭ ئۈچۈن جېنىم كەتسىمۇ ،
سېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن .

(قەشقەر خەلق ناخشىسى)

يايرىم بارمىغان تويغا
مەن قانداق بارالايمەن
يايرىم بارمىغان تويغا
مەن قانداق بارالايمەن
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك ئايشەمگۈل
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن
ئايشەمگۈل بالا
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن
ئايشەمگۈل بالا
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ
جىمى ئالەمنى تەڭلا كۆرسەم
ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ
جىمى ئالەمنى تەڭلا كۆرسەم
پىيالىڭدە چاي بولۇپ
ئايشەمگۈل
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم
ئايشەمگۈل بالا لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم
ئايشەمگۈل بالا لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم

ئاسمىنىمدا ئايىمسەن
بويىنۇمدا تۇمارىمسەن
ئاسمىنىمدا ئايىمسەن
بويىنۇمدا تۇمارىمسەن
ئاخشىمى قاراڭغۇدا ئايشەمگۈل
ياندۇرغان چىراقىمسەن
ئايشەمگۈل بالا
ياندۇرغان چىراقىمسەن
ئايشەمگۈل بالا
ياندۇرغان چىراقىمسەن
ئايشەمگۈل بالا
ياندۇرغان چىراقىمسەن

# ئاشق

شۆرغانلىق كەچكۈز ئاخشمى،
ئۆيغانماقتا دىلدا ھاياجان.
ئازاپلايدۇ مەۋجۇدلىقمنى،
ئارام بەرمەي دىلدىكى ئارمان.

سىغىمەكتىمەن تۈننىڭ قوينىغا،
شۈنچە مۇڭلۇق مىسكىن قەدەمدە.
مەن چىدايمەن ئاخرقى بىر رەت،
ئۆرتەنسىمۇ قەلبىم ئەلەمدە.

ۋاز كەچمىدىم ھاياتتىن ئەسلا،
تۆكۈلسىمۇ كۆز يىشىم تەكرار.
ياشاش ئۈچۈن بەخت ئىچىدە،
مەن كۈلۈمنى قىلمىدىم ئىزھار.

كەچمىشىمنى ئۈزۈلغان ئوۋچى،
ئىزلىرىمنى كۆممەكتە بۇدەم.
چىدايدىكەن ھەممىگە ئاشق،
كۆيدۈرسىمۇ باغرىنى ئەلەم.

## يۈرىكىمنى بىللە ئېلىپ كەت ( مۆمىنجان ئابلىكىم )

گۈلۈم يىراق كەتمەكچى بوپسەن ،
يۈرەكىمنى بىللە ئېلىپ كەت .
شاتلىقىمنى تۈتمەن يوللۇق ،
ئازابىڭنى ماڭا بىرىپ كەت .

يىغلاپ قالساڭ مەن قالاي يالغۇز ،
ياشلىرىڭنى تۆكمە كۈلۈپ كەت .
ئازابىڭنى ئۇنتۇشۇڭ مۆمكىن ،
ئۆچمىكى تەس سالغان ئوتۇڭنىڭ .

مەيلى كەتسۇن باغلاردىن باهار ،
شىرىن هىدى كەتمەس بويۇڭنىڭ .
شۇ باغلاردا كۈتمەن يالغۇز ،
كۆرمىسەڭمۇ مەيلى بىلىپ كەت .

هەر تۈنلىرى سىنى ئەسلىسەم ،
چۈشلىرىڭگە كىرىمەن بەلكىم .
پەقەت ئويلاپ قويغىن سىغىنساڭ ،
ياكى مىنىڭ ئۆتۈلسە قەدرىم .

كەتكەن بىلەن كەچمىدىڭ بەلكىم ،
چىن سۆيگۈمنى بىللە ئېلىپ كەت ..
پاك سۆيگۈمنى بىللە ئېلىپ كەت .

ئايخېنىم سۈزۈك چىراي
(قومۇل خەلق ناخشىسى)

تۈرنىلار قاتار-قاتار، تۈرنىلار قاتار،
ئايدىڭ بولسا، ئايدىڭ بولسا يەي.
يۈرۈكۈم راھەت تاپارمۇ ئاللا يارىمەي،
كۆڭلۈمدىكى يار بولمىسا يەي.
ئايخېنىم سۈزۈك چىراي،
ئوتتۇڭدا مەن قانداق چىداي يەي.
ئاخشىمى ئايدىڭغا چىقىپ ئاللا يارىمەي،
تاڭ ئاتقۇچە تەمبۇر چالاي يەي.

مەن بىرىپ چۈنجە ماراپ، مەن بىرىپ چۈنجە ماراپ،
سەن ئۆيۈڭدە چاچ تاراۋەي(تاراپ يەي).
چىقمىدىڭغۇ ئايخېنىم ئاللا يارىمەي،
مىنى تالادا ئىت تالاۋەي(تالاپ يەي).
ئايخېنىم سۈزۈك چىراي،
ئوتتۇڭدا مەن قانداق چىداي يەي.
ئاخشىمى ئايدىڭغا چىقىپ ئاللا يارىمەي،
تاڭ ئاتقۇچە تەمبۇر چالاي يەي.

مەن كىتەرمەن باش ئېلىپ، مەن كىتەرمەن باش ئېلىپ،
ئىككى قولۇمغا تاش ئېلىۋەي(ئېلىپ يەي).
بىزنى دىگەن ئايخېنىم ئاللا يارىمەي،
قالدى كۆزىگە ياش ئېلىۋەي(ئېلىپ يەي).
ئايخېنىم سۈزۈك چىراي،
ئوتتۇڭدا مەن قانداق چىداي يەي.
ئاخشىمى ئايدىڭغا چىقىپ ئاللا يارىمەي،
تاڭ ئاتقۇچە تەمبۇر چالاي يەي.

ئايخېنىم سۈزۈك چىراي، ئايخېنىم سۈزۈك چىراي...

# تەنها(ئابدۇغەنى خال)

ئۇزۇن كۆنلىرىم ئۆتمەكتە تەنها
تاپالماي يۇرىمەن بىرسىرداش ھەمراھ
ھىچ كىشى بىلمەيدۇ قەلبىم سىرىنى
ئۇ گويا قۇران تاش ئاستىدا گىياھ

سۆيگۈدە سىنگىسىز قالسامۇ تەنها
يەنىلا قەلبىمدە سۆيىمەن سىنى
ئارمىنىم بەختلىك بولساڭكەن ئەبەد
مەن كەبى سۆيسىلا سىنى ھەربىرى

تەنھالىق ئىلكىدە سۇرىمەن خىيال
ئىزلەيمەن بەختىمنى پۈتكۈل ئالەمدىن
كائىنات سەن ماڭا بەرگىنە جاۋاپ
مەن ئۇنى تاپىمەن زادى قەيەردىن

# چىمەن ئىچىدە

ئۆنچە ـ مارجان چىچىلدى چىمەن ئىچىدە،
چىچىلىشنى كىم بىلدى چىمەن ئىچىدە.
ئۆز ۋاقتىدا ياخشىدۇق چىمەن ئىچىدە باغ ئىچىدە،
ئايرىلىشنى كىم بىلدى چىمەن ئىچىدە.

بىشىمدىكى رۇمالىم چىمەن ئىچىدە ،
گۈل شاخىغا ئىلىندى چىمەن ئىچىدە.
كۆتكىنىمدە كەلمىدىڭ چىمەن ئىچىدە باغ ئىچىدە،
يالغۇزلۇقۇم بىلىندى چىمەن ئىچىدە.

ئۇنتالمايسىز (مۇمىنجان ئابلىكىم)

ئاي دىسەم ئايدىن ھەم گۈزەل ئىدىڭىز،
تۇنۇ كۈن كۈندىن گۈزەل ئىدىڭىز.
سىزنى سۈيىمەن دەپ ئېيتقان ئىدىڭىز،
مىنى ئۇنتالمايسىز،ئۇنتالمايسىز.

دەرەخنىڭ بەرگىدەك كۆپ ئىدى سۆزلەر،
سىزنىڭ ئىزىڭىزدا ئىدى بۇ كۆزلەر.
ھامان خاتىرەمدىن كەتمەس بۇ سۆزلەر،
مىنى ئۇنتالمايسىز،ئۇنتالمايسىز.

ئۇزاقمۇ يىقىنمۇ بەلكى يولىمىز،
سىزدىن ئايرىمىدى ھىچ ھەم كۆڭلىمىز.
يىگانە سىز ئۇچۇن كۈيلەر كۈيىمىز،
مىنى ئۇنتالمايسىز ،ئۇنتالمايسىز.

# ئالتۇنجان

## تۇرپان خەلق ناخشىسى

ئاسماندىكى چولپاندەك يارەي،
شولا بەرمىگەن يايرىم.
ئاخشىمى كۆلۈپ قۇيۇپ ئالتۇنجان،
كۆڭۈل بەرمىگەن يايرىم.

كۆڭۈل بەرمىگەن يارغا يارەي،
كۆڭلۈمنى بېرەمەنمۇ.
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنىڭ ئالتۇنجان،
ئىشقىدا كۆيەرمەنمۇ.

ئايۋانىڭدا مەن ياتىپ يارەي،
سارايىڭنى بىلمەيمەن.
قاچان كىلىسەن يايرىم ئالتۇنجان،
قارارىڭنى بىلمەيمەن.

ئۆچلىما بىلەكىڭنى ئالتۇنجان،
كۆيدۈرمە يۈرەكىمنى.

گۈليارىخان (ناخشا تېكستى)
مەردان تاتلىق

گۈلۈم گۈليار ئەمەسمۇ ئا،يۇرتۇم قەشقەر ئەمەسمۇ.
ئا بىزنى يامان دىگەنلەر،ئۆزى ۋەيران ئەمەسمۇ.
گۈليارىخان بويلارىڭ ساز ۋاي دادەي....

سۆزەك قىلما دىگەنلەر ئا،سەتەڭنى تاللاپ سۆيگەنلەر،
ئايدا يىلدا كەپ قويۇپ،يۈرەك باغرىمنى ئەزگەنلەر،
گۈليارىخان بويلارىڭ ساز ۋاي دادەي....

كىچىككىنە قارا كۆز ئاللا ۋاي بالىخان،سەن كۆرەگە بارغانمۇ؟
ئاخشامى قاراڭغۇدا راست كۆردۈڭمۇ يالغانمۇ؟
دېمدىممۇ دىمدىممۇ،ئاللا بالىخان بالىخان راست كۆيدۈڭمۇ يالغانمۇ؟
ۋاي دېمدىممۇ دىمدىممۇ،ئاللا بالىخان بالىخان راست كۆيدۈڭمۇ يالغانمۇ؟

بۇغداي باغلىغان باغلىق،ئاللا بالىخان،يۈرەكنى داغلىق ياغلىق.
قىلغىڭنى دىمىسەم ئاللا بالىخان چىرايلىقىڭ چاغلىق.
دېمدىممۇ دىمدىممۇ،ئاللا بالىخان چىرايلىقىڭ چاغلىق.
دېمدىممۇ دىمدىممۇ،ئاللا ۋاي بالىخان چىرايلىقىڭ چاغلىق.
چىرايلىقىڭ چاغلىق.

كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن

ئۆتتى سەندە سەبىي چاغلىرىم ،
گۈلگە تولدى سەندە باغلىرىم .
بىرى ماڭا بەرسىمۇ جەننەت ،
كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن .

مەيلى خوۋلۇق كۆرمەي سىنىڭدىن ،
بىھۇدە دەرت تارتاي سىنىڭدىن .
ئەجەل شارابى ئىچەي سىنىڭدىن ،
كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن .

راھەت كۆرمەي قالاي جاپادا ،
مەيلى سەرسان بولاي تالادا .
مەيلى دۇچار بولاي بالاغا ،
كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن .

توختار سەندە ئاخىرقى نەپەس ،
ئۆزگە يۇرتقا قىلمايمەن ھەۋەس .
ئۆز ئىلىدىن كەچكەن ئەر ئەمەس ،
كىچەلمەيمەن سىنىڭدىن ۋەتەن .

## قېرىنداش بىز

قېرىنداش بىز چىن قېرىنداش بىز
بىر يىلتىز بىر ئانىدىن بولغان
قارا كۆز بىز قاپقارا قاش بىز
قېرىنداشلىق مېھرىگە تولغان

تەڭرى تاغدەك ئاتامنىڭ بەستى
كۆتۈرۈلمەس زادى ئىسمىدىن
كار قىلمايدۇ رەقىبلەر قەستى
تىترىمەيمىز ھەرچاغ بىسمىدىن

قېرىنداش بىز قېرىنداش بىز
مۇھەببەت مېھرىگە تولغان
قېرىنداش بىز قېرىنداش بىز
گۈزەل ئەتىگە يول ئالغان

پاك كۆڭلىمىز ئانام كۆڭلىدەك
شۇنچە سۈزۈك شۇنچىلىك ئاپئاق
سىلەر ئۆچۈن ئالقاندا يۈرەك
شۇڭا ئاتقان سۈبھى تاڭغا باق

قېرىنداش بىز چىن قېرىنداش بىز
تاڭ قوينىدا بىزنىڭ بەختىمىز
قارا كۆز بىز قاپقارا قاش بىز
ئاپئاق بولسۇن لىكىن بەختىمىز
ئا..........ئا..........
قېرىنداش بىز قېرىنداش بىز
مۇھەببەت مېھرىگە تولغان
قېرىنداش بىز قېرىنداش بىز
گۈزەل ئەتىگە يول ئالغان

## ئىنتىزار

ئايرىلىپ كەتتىڭ يىراققا،
تاشلاپ مىنى ئوت پىراققا .
ساڭا كۆڭگەن بۇ قەلبىمنى
چۇشەنمىدىڭ ،
يارمەندىن بىزار بولۇپسەن .
چۈنكى ئۆزگە يارنى سۆيۈپسەن ،
پىچاقنى ئىلىپ يۈرەكنى
يارغىدەك بولدۇم .
كىچە ھەم كۈندۈز ،
كۆز ئالدىمدا سەن
نىچۈن مىنى مۇنچە قىينايسەن ؟
(قايتارما )
چىن سۆيگۈمىزنى
خارقىلما ئايرىلىپ كەتمە
بىۋاپا بولما ،
ئۈمۈتلىرىمنى شامالدا ئۇچۇرۇپ ،
مىنى مۇنچە ئىنتىزار قىلما .
سەنسىز بۇ ھايات ئۆتمەيدۇ،
يۈرۈكۈم ھىجرانغا چىدىمايدۇ .
بولدى قىل ئەمدى مىنى قىيسما ،
يۈرۈكۈمنى جان داغلىما .
دەردۇ ئەلەم تاغ بولۇپ باستى ،
ھىجران مىنى دار بولۇپ ئاستى .
پىچىرلاپ ئىيتقان سۆزلىرىڭنىڭ ،
يوقمىدۇر راستى ؟

# كەتمىگەن كىم بار

ئەجەل خازان ئەتمىگەن كىم بار
بۇ پەللىگە يەتمىگەن كىم بار
مەيلى شاھ بول ۋە ياكى گاداي
بۇ دۇنيادىن كەتمىگەن كىم بار

كىمگە نۆۋەت قاچان قايسى كۈن
ئەجەل كىلۇر چىقارماستىن ئۈن
ئۆچكەن كەبى ئوچاقتا تۈتۈن
بۇ دۇنيادىن كەتمىگەن كىم بار

ئاتا قىلىپ كەتتى بالىسى
قالدى تالاي ئىشنىڭ چالىسى
ئەزدى دىلنى ئاچچىق ھازىسى
بۇ دۇنيادىن كەتمىگەن كىم بار

مەيلى گۈل بول ۋە ياكى تىكەن
جان تىنىڭدە ئامانەت ئىكەن
بىخۇتلۇغۇڭ نادامەت ئىكەن
بۇ دۇنيادىن كەتمىگەن كىم بار

- **بويتاق**

دۈشەنبىدىن باشلىنار ھىجران ،
سەيشەنبە سىغىنىپ ئارمان.
چارشەنبە خىيال يامغۇرى،
پەيشەنبىنى خالايدۇ ھامان.

پەيشەنبىسى ھەسرەتكە تالىپ،
جۈمە يازار سۆيگىنىگە خەت.
شەنبە گۈزەل تاڭىدا ۋىسال،
يەكشەنبىسى ئۈلار مۇھەببەت.

مودەنخان

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
جىنىم...ۋاي خىنىمەي ئايارەي.
بىر مەلىدە چوڭ بولغان،
جىنىم ۋاي خېنىم مودەنخان.

باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
جىنىم...ۋاي خىنىمەي ئايارەي.
ئايرىلماسقا دوست بولغان،
جىنىم ۋاي خېنىم مودەنخان.

## مەشرەپ سەيناسى

بۈگۈن بىزگە قۇتلۇق كۈن،
تەشنا بولۇپ كۈتكەن كۈن مۇبارەك.
راسلاپ سورۇن ساھىپخان،
ھەرياقتىن كىلىپ مېھمان تىلەپ تىلەك.

قۇلۇم-قۇشنا قېرىنداش،
ئۇرۇق-تۇققان كەسپداش دوست-ئاداش
كەلدى بەس-بەستە يىتىپ،
ئوتلۇق سالاملار ئېيتىپ ئالدىراش.

مەرھابا مېھمان ،كەپسىز خۇيۋاڭ ئوبدان،
كۈلسۇن دىدار غەنىمەت.
يۈز كۆرۈشكە كۈندە ،بولسۇن ھەمراھ بىزگە،
كۈلكە شادلىق ۋە ئامەت.

نەغمە-ناۋا باشلاپ،غۇلاچلار تاشلاپ،
چۈشۈڭلار ئۇسسۇل ساماغا،
تازا ئويناڭ بىر پەس،دەسسەپ مەزمۇت چەبدەس.
قۇرايلى بەزمە راسا.

كۆڭۈللەر كۈلسۇن گۈلگە تولسۇن ،
مەشرەپ سەيناسى.
بىرىپ شادلىق بىزگە،يەتسۇن پەلەك كۆككە،
نەغمە ناۋاسى.

ھەر ياقتا ياڭرار كۈلكە،خۇشاللىق قىلار جىلۋە.
سالدىم نەزەر،
مەشرەپ بىزگە بىر مەكتەپ،ئۈگەتسۇن ئەدەب-ئەخلاق
دىللار كۈلەر.

مەشرەپ ئۇ بىر چوڭ سەينا،
تەلىم بېرىدۇ ساڭا ماڭا بارچىگە،
ئۈگەتەر بىزگە پەزىلەت،
ئۇندىن تاپىمىز ئىززەت ئالەمچە.

سەن يوق

بۆكچە ئوتتۆگدا كۆيۈپ كۆيۈپ يەنە تولغاشتىم،
نەچچە رەت مەلەگدە كۆتۈپ سىنى تاڭغا ئۇلاشتىم.
بۆكچە ئوتتۆگدا قىلدەك تولغاشتىم.

قەيەرگە كەتتىڭ يار ئايلاردىنمۇ سىنى سوراشتىم،
ياكى قەلبىمگە مەن يەنە بىز ئاز بەلكى ياتلاشتىم.
بۆكچە ئوتتۆگدا يەنە تولغاشتىم.

سەن يوق سەن يوق،بۆكچە سەن يوق.
چۈشلۈرۈمدە بار، ئويغانساملا يوق.
سەن يوق سەن يوق،ئامرىقىم سەن يوق.
قىينىما مىنى ئەمدى دەرمان يوق.

# سانساكو

قارىسام كۅرۉنەرمۉ بالا،
سانساكۉ شىكەر تۉغراق.
ياخشى كۅرسەك يىنىڭدا مەن بالا،
يامان كۅرسەڭ كىتەي ىراق.

قارىسا كۅرۉنەرمۉ بالا،
سانساكۉدىكى مۉنا.
ئۉلتۉرۉپ راسا ئۉيلا بالا،
قايىسىمىزدا بار گونا.

ئەجەپمۉ يارىشپتۉ،
بوراندا ئاينىغان توغراق.
زەرىچە گۉمان قىلما بالا،
ئەزەلدىن مەن ساگا ئامراق.

ئۆتنالمايمەن (ئابلەت ئابلكم )

ئۆتتى شۆنچە ئۆزۆن يىل ،ئۆزۆن يىللار،
ئۆنتالمايمەن مەن سىنى ئۆنتالمايمەن نىمشقا؟
داغلانغان شۆ يۆرەكتە ئۆچمەس سىنىڭ ئوتلىرىڭ،
ئۆنتالمايمەن مەن سىنى ئۆنتالمايمەن نىمشقا؟

پاك سۆيگۆمنى ئىشقىمنى،بەرگەنىدىم مەن ساڭا ،
ھازىر يەنە يۆرىكىم دائىم ساڭا تەلپۆنەر ،
ئۆنتالمايمەن مەن سىنى ئۆنتالمايمەن نىمشقا؟
ئۆنتالمايمەن نىمشقا؟

## تۆت پەردە

تۆت پەردىگە چالمايتىم،
چالدۇرغان مىنىڭ يايرىم.
راس گىپىڭنى ئېيتساڭچۇ،
ھەجەپ قىينالدى بۇ جانىم.

كىچە ياتتىم غەم بىلەن،
كىرپىكلىرىم نەم بىلەن.
قاچانمۇ كۆرۈشەرمىز،
سۆيگەن يايرىم سەن بىلەن.

ئەتىگەندە كۆلچەكتە،
مۇز تۇتۇپتۇ ئەينەكتەك.
قاچانغىچە يۈرەرمىز،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

# ئاق گۈل

قارالماسمەن يۈزۈڭگە بولدۇم بىۋاپا،
مىلك پۈشايمان ئىلىپ بولماس نازۇك كۆلۈمنى.
ئالدىڭدا ئىچىلىپ يۈرسەممۇ مەن يار،
ئىچىمدە گۈلخانلار يىقىپ كۆيەتتىم ساڭا.

ئۇنتالامسەن بىرگە يۈرگەن ئايدىڭ ئاخشامنى،
مۇھەببەتنىڭ شامالردەك يىنىپ ئۆچكەننى.
چاقچاق قىلىپ دەپ قويسام سۆيمەيمەن مەن سىنى،
ئۇنتالامسەن ئىككىمىزنىڭ يىغلاپ كەتكەننى.

بىر ئۆمۈر قان يىغلاپ ئۆتسەم ئاق گۈلۈم،
تەڭلىشەلمەس سىنىڭ تۆككەن كۆز ياشلىرىڭغا.
تەنها ئۆتەي مەڭگۈگە چەكسىز پۈشايماندا،
بەخت تىلەپ سىنىڭ ئۆچمەس خۇشاللىقىڭغا.

ئۇنتالامسەن بىرگە يۈرگەن ئايدىڭ ئاخشامنى،
مۇھەببەتنىڭ شامالردەك يىنىپ ئۆچكەنى.
چاقچاق قىلىپ دەپ قويسام سۆيمەيمەن مەن سىنى،
ئۇنتالامسەن ئىككىمىزنىڭ يىغلاپ كەتكەننى.

خەتلىرىمنى

خەتلىرىمنى تاشلىۋەتمىگىن،
خەتلىرىمدە مېنىڭ زارىم بار.
تاشلىۋەتسەڭ يازىمەن يەنە،
سەندىن ئۆزگە نەدە يارىم بار.

كۆرسەتمىگىن دۈشمەنلىرىمگە،
سالما ئوتقا ياكى ئالدىراپ.
يەتمىسە گەر قەدرىمگە مەيلى،
ئەقىدەمنى قىلمىغىن خاراپ.

تاشلىۋەتسەڭ بولۇپ قالارمەن،
تاشلىغاندەك تاشنى تالاغا.
ساڭا مۇنچە يىغلىماس ئىدىم،
ئىشقىڭ مېنى قويدى بالاغا.

# سۆيگەنني سۆيۇپ قوي

سۆيگەنني سۆيۇپ قوي كۆڭلى قالمسۇن،
بر سۆيۇشمۇ غەنىمەت مەيلى قانسۇن قانمسۇن.
شۇنىڭغىمۇ يىتەلمەي يۇرگەنلەر ئاز ئەمەس،
لىۋىلك سۆيسە قەلبىك سۆيمەس لىكن چانمسۇن.
سۆيگەنني سۆيۇپ قوي كۆڭلى قالمسۇن،
بر سۆيۇشمۇ غەنىمەت مەيلى قانسۇن قانمسۇن.

كۇلگەنگە كۇلۇپ باق كۆڭلى قالمسۇن،
بر ئۆمۇر كۇلەلمەي كۆزى ياشقا تولمسۇن.
شۇنىڭغىمۇ يىتەلمەي يۇرگەنلەر ئاز ئەمەس،
پاك كۆڭلۇمنى ئىلىپ كىتەي سەندە قالمسۇن.
سۆيگەنني سۆيۇپ قوي كۆڭلى قالمسۇن،
بر سۆيۇشمۇ غەنىمەت مەيلى قانسۇن قانمسۇن.

## مۇزلىغان يۈرەك

ئاڭلىغۇم بار دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن
يېقىن تۇرۇپ تىنىقىڭنى نىدالىرىڭنى
يىراقسەنكى شۇنچە يىراق لىكىن نەپسى
ئۇرۇلىدۇ جۇغۇلدىتىپ مۇزدەك تىنىمنى

كىچەلەردە ئاڭلىندۇ سىنىڭ ئۈنلىرىڭ
دەرىزەمدىن كىلەر ئۈنسىز شۇۋرىغان بىلەن
چۈشلىرىمدىن ئويغىنىمەن چۆچۈپ گاھىدا
مۇزدەك جىسمىڭ توڭلاتقاندا ئاھ قەيەردە سەن

چىرايىڭنى ھېچقايەردە ئۇچرىتالمايمەن
شۇۋرىغانلار ئارىسىن ئىزدەيمەن پەقەت
ئارىلاشقان چىھرىڭ مەھكەم قار ئۇچقۇنىغا
كۆۋەجەيدۇ مۇزدەك سوغۇق ئاچچىق مۇھەببەت،

## كاككۇك

قىچقىرىپ كەلگەن كاككۇكنىڭ ئۈنى ھەرجايدا غېرىپ،
كەل كاككۇك ئاشنا بولايلى ئاھ سەن مۇساپىر مەن غېرىپ.

دەردى يوق دەمسەن مېنى دەردىم ئىچىمگە لىق تولۇم،
يايرىمىنىڭ ياغلىقىدا يەي تاڭسام ساقايغايمۇ قولۇم.

ھېچكىشى ئۆلمەي تۇرۇپ بىلمەس بۇ جاننىڭ قەدرىنى،
كىم ئۆلەر ھالەتتە ياتسا ئاشۇ بىلەر جان قەدرىنى.

# سەن يوق

بۇ كېچە ئوتۇڭدا كۆيۈپ كۆيۈپ يەنە تولغاشتىم،
نەچچە رەت مەلەڭدە كۈتۈپ سىنى تاڭغا ئۇلاشتىم.
بۇ كېچە ئوتۇڭدا قىلدەك تولغاشتىم.

قەيەرگە كەتتىڭ يار ئايلاردىنمۇ سىنى سوراشتىم،
ياكى قەلبىمگە مەن يەنە بىز ئاز بەلكى ياتلاشتىم.
بۇ كېچە ئوتۇڭدا يەنە تولغاشتىم.

سەن يوق سەن يوق،بۇكېچە سەن يوق.
چۈشلۈرۈمدە بار، ئويغانساملا يوق.
سەن يوق سەن يوق،ئامرىقىم سەن يوق.
قىينىما مىنى ئەمدى دەرمان يوق.

- ## هايات ـ ئاللا گۆۋاھ

مېھمان بولۇپ كەلدۇق دۇنياغا،
ھايات چۆلدە كىملەر ئالدى قوينغا.
باردىم قايان ماڭدىم قايان ،
بۇ ئۇزاق يول ئۇزاق يول. كىمگە ئايان.

بىۋاپا دۇنيا جاۋاپ بەر ماڭا ،
ھەممىسى يالغان ـ ئاللا گۆۋاھ.

ئۆمۈر باھارسىز ،گۈللەر ياپراقسىز .
ھايات چۆلدە يۈرمە يارەرسىز.
باردىم قايان ماڭدىم قايان ،
بۇ ئۇزاق يول ئۇزاق يول.

بىۋاپا دۇنيا جاۋاپ بەر ماڭا ،
ھەممىسى يالغان ـ ئاللا گۆۋاھ.

هەي ،ئازاپلانسامۆ ، ئاه ئۆرساممۆ ئێيتاي بۆ ناخشنى ........

خێتىڭنى كۆرۆپ خوش بولدۆم قەۋەت
سەن بلەن برگە ئۆتمەن ئەبئەت
بولاي مەن قەشقەر ۋە ياكى خوتەندە
مێنىڭ پاك قەلبمدە سەنلا بار پەقەت

خێتىڭنى كۆرۆپ سۆرسەم ھەرخيال
يۆرەكنى ۋىسال قىينار ھەرقاچان
بولاي مەن قەشقەر ۋە ياكى خوتەندە
ئەقدە سەن ئۆچۆن ئەبەدى ھامان

سەرسان روھ

بىر سەبىي ئىگىسىز يۇرەر تەمتىرەپ،
ھاياتتۇر ئانىسى،تىرىك ئاتىسى.
نىشانىسىز،ماكانىسىز يۇرەر تەلمۈرۈپ،
سارغايغان ياپراقتەك يۇرەك پارىسى.

بالىلىك قەلبىدە دادا بىر خۇدا،
ئانىلار قۇچاغى ھايات جەننىتى.
ئۆلاردىن ئايرىلغان پەرزەنت باغرىنى،
قۇمۇشتەك قورۇيدۇ قىسمەت ـ ھەسرىتى.

ئاتىسى بار تۇرۇپ يىتىم ئاتالسا،
ئانىسى بار تۇرۇپ تالادا قالسا.
بۇنىڭدىن ئېغىرراق ئازاپ بولامدۇ؟
بىر سەبىي قان ئۆچۈن يورۇق دۇنيادا.

مەخمۇت سۇلايمان ئورۇنلىغان.

## • نى نو نى نو نى

ئىشگىمنى ئۆرۈق دىسەم،
يوغان تاغانى ئارتىدۇ.
مەن مەكتەپتىن قاچمايتتىم،
كۆڭلۈم تورخانا تارتىدۇ.

كىلىك دوسلار بىرلىكتە،
قىتلايلى بىر سەپكە.
ئۆسلۈبىغا كەلتۈرۈپ،
ئويناپ كەتتۇق ئەلۋەتتە.
هەي -هەي ساۋاقداش.

بىز خەنەكنىك باللارى،
كەلگۈسىمىز كۆتمەكتە ،
كىلىك دوسلار بىرلىكتە،
بارايلى بىز مەكتەپكە.
هەي -هەي ساۋاقداش.

نى نو نى نو نى
قويىسۇن كىنونى،
قويسا قويىسۇن قويمىسا يوق.
بەرسۇن بىر مونى.

- نېمە بولدى؟

ھەي قىزچاق ،ھەي قىزچاق
خاپا بولما قېپ قويسام چاق -چاق
ھەي قىزچاق ،ھەي قىز چاق ...
سەن ئۆچۈن ناخشام ياڭرايدۇياڭراق

مەلەڭدە مەلەڭدە....
ئېسىڭدە بارمۇ مۆكۈنمۆكۈلەڭ ئويناپ
يۈركەندە يۈركەندە
يۈرەكنىڭ قېتىغا گەتكىنىڭ ئورناپ

قۇلاق سالغىن سۆزۈمگە بىر ھەي قىز چاق،
قاراپباققىن كۆزۈمگە بىز ھەي قىز چاق
ئالايمىغىن بۇلاقتەك كۆزۈڭ بىلەن
كۆز تەكمىسۇن ئېسىۋالغىن كۆزمونچاق
كەل ئوينايلى بىز بىر لىكتە چىمچا چاق
سىنى ساقلاپ ھازىر غىچە مەن بويتاق،

## قوياشقا يېقىن كىشلەر

ئوچاق بىشىدا مورا،
مورا بىشىدا كورا.
ئىزلىسەم تېپىلارمۇ،
كۆيەك ئوتىغا دورا.

ئۆستەڭدىن تېپىۋالدىم،
ئاق تاشنى قارا تاشنى.
ناخشامغا قىتىۋالدىم،
سەن يارىم قەلەم قاشنى.

قوغۇن تېرىدىم قەندەك،
خەقمۇ تېرىسۇن مەندەك.
خەق سۆيگەننى سۆيمەسمەن،
ئۆزەمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.

چاي ئىچەيلى چايداندا،
شوخ ئوينايلى مەيداندا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
خالاستانىنىڭ بويىدا.

مەن بارايمۇ بارمايمۇ،
لىۋەن يارنىڭ قىشىغا.
بارغىنىمدا قىشىغا،
دەرت كىلەرمۇ بىشىغا.

# ئۈچ پەردە

دۇتتارىم ئۈنبەش پەردە،
باش پەردە يامان يەردە.
ئۈينىغىلى قويمامسىز،
كۆڭلۈم خالىغان يەردە.

دەرت كېلەردۇ دەرت كېلەر،
دەرت كەلگەننى كىم بىلەر،
مېنىڭ تارتقان دەردىمنى،
يارىتقان ئىگەم بىلەر.

رابىڭنى ئال يايرىم،
بىرىپ چۆللەردە چال يايرىم.
مەنمۇ سەندەك مۇساپىر،
غېرىپ كۆڭلۈمنى ئال يايرىم.

دەرت-ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئۆغۆل باللانىڭ باشىگە.
سايدا تۈگمەننى چۆرگىلەر،
كۆزىدىن ئاققان ياشىگە.

ئاتۇشنىڭ يۇلى يامان،
تۇشۇيدۇ ئۆتۈن سامان.
نادان باللار بىلمەيدۇ،
ھەممىدىن كۆيەك يامان.

شەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ۋاي مانا ئەمدى سايرىماس بولدى.
ۋاي ئەزەلدىن قارىغان دوستلار،
ۋاي مانا ئەمدى تونۇماس بولدى.

## قۇشماق ئاداش

ئامرىقىم بىز ئوينىغان قۇشماق ئاداش يادىڭدىمۇ،
شۇ گۈزەل ئايدىك كىچە ھازىرمۇ كۆز ئالدىڭدىمۇ.

بىزنى ئالقىشلار ئىدى دەريا داۋالغۇپ ئۇلغىيىپ،
ئايپەرى ئوينار ئىدى ئالتۇن بىلىقتەك تولغىنىپ.

مەنمۇ گويا ئاي ئىدىم دەريادا لەرزان لەيلىگەن،
بىزنى زەپ شېرىن خىيال- ئارزۇلار مەپتۇن ئەيلىگەن.

نەقرات:
قوش مىغىز تۇتتۇڭلا ماڭا ئوينايلى دەپ قۇشماق ئاداش،
بىز مانا شۇندىن بۇيان قەلبى تۇتاش ئامراق ئاداش،

جان........ بىر جاھاندۇر ھەر كۆڭۈل سۆيگۈ -ۋاپا نۇرلۇق قۇياش،
مەڭگۈلۈك سۆيگۈ ئاچتى يول ئاچتى بۇ قۇشماق ئاداش.

جان ئارامى لەرزىتى بەخش ئەيلىگەن يا سەلكىنى،
بىزنى ئالغان قوينىغا شېرىن خىياللار يەلكىنى.

نەقرات:
قوش مىغىز تۇتتۇڭلا ماڭا ئوينايلى دەپ قۇشماق ئاداش،
بىز مانا شۇندىن بۇيان قەلبى تۇتاش ئامراق ئاداش،

جان........ بىر جاھاندۇر ھەر كۆڭۈل سۆيگۈ -ۋاپا نۇرلۇق قۇياش،
مەڭگۈلۈك سۆيگۈ ئاچتى يول ئاچتى بۇ قۇشماق ئاداش،

مەڭگۈلۈك سۆيگۈ ئاچتى يول ئاچتى بۇ قۇشماق ئاداش،
ئامرىقىم يادىڭدىمۇ بىز ئوينىغان قۇشماق ئاداش،
ئامرىقىم يادىڭدىمۇ شۇ قوش مىغىز قۇشماق ئاداش..........

تەنها كىيىك

مەخمۇت سۇلايمان

( بۇ چۈش ئەمەس ناملىق فىلىمنىڭ ناخشىسى )

كۆيدى جىسمىم كۆل بولۇپ،
پەقەت يۈرەك سەرسانە قالدى.
گۈلشىنىم بولدى خازان،
كىتەي يىراقلارغا ئەمدى.

كىلدۇ يالغۇز كىيىك،
قانغا مىلەندى گۈل-گىياھ.
ئۈۋۈچىنىڭ قانلىق ئوقى،
قىلغاچ نىگارىدىن جۇدا.

مەنزىلىم نەدۇر مىنىڭ،
ھىجران چۆلدە قايمۇقۇپ.
بولسا چۈش كۆرگەنلىرىم،
كەتسەم ئىدىم بىر ئويغۇنۇپ.

# كۈنلەر بار
تاشمۇھەممەت باتۇر

ئابروي تېپىپ كۆكلەيدىغان كۈنلەر بار،
كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلايدىغان كۈنلەر بار.
دېرىزەڭدىن ئامەت كېلىپ چەكسىمۇ،
ئۇخلاپ قېلىپ بىلمەيدىغان كۈنلەر بار.

بەزى چاغدا يوقلاپ كېلەر ھالاۋەت،
بەزى چاغدا يوقلاپ كېلەر جاپا-دەرت.
دېھقان بولۇپ تېرىپ قالساڭ زىرائەت،
بىر تال مايسا ئۈنمەيدىغان كۈنلەر بار.

تۇرالماستىن ئاتا-ئاناڭ قېشىدا،
سىنى چوڭ قىپ ھاردۇق يەتكەن يېشىدا.
ئاغرىپ قالسا پەرۋانە بوپ بېشىدا،
چىراق يېقىپ تۈنەيدىغان كۈنلەر بار.

## بىر تىزىق مارجان

بىر تىزىق مارجان،بىردەستە گۈلدەك،
ئۆتكەن ئىدۇق ساۋاغداش بولۇپ.
ئەمدى بىز بۈگۈن ئايرىلار بولدۇق،
جۇدالىق يېشى كۆزلەرگە تولۇپ.

قالدى ئەسلىمە ياتاق، سىنىپتا،
قالدى رىشتە باغلانغان ماكان.
كەتسەكمۇ يىراق -يىراق جايلارغا،
بىزلەر ساۋاغداش،ساۋاغداش ھامان...

ھىجران ياشلىرى تۆكۈلدى بۈگۈن،
ئايرىلىشقا چىدالماي پەقەت.
ئۆكسۈپ ئۆكۈنۈپ گاھى كۈلۈشۈپ،
خوشلاشماقتىمىز ئاقيوللار تىلەپ...

# گۈليارىخان (ناخشا تېكىستى)

مەردان تاتلىق

گۈلۈم گۈليار ئەمەسمۇ ئا، يۈرتۈم قەشقەر ئەمەسمۇ.
ئا بىزنى يامان دىگەنلەر، ئۆزى ۋەيران ئەمەسمۇ.
گۈليارىخان بويلارىڭ ساز ۋاي دادەي....

سۆزەڭ قىلما دىگەنلەر ئا، سەتەڭنى تاللاپ سۆيگەنلەر،
ئايدا يىلدا كەپ قويۇپ، يۈرەڭ باغرىمنى ئەزگەنلەر،
گۈليارىخان بويلارىڭ ساز ۋاي دادەي....

كىچىككىنە قارا كۆز ئاللا ۋاي  بالىخان، سەن كۆزەگە بارغانمۇ؟
ئاخشامى قاراڭغۇدا راست كۆردۈڭمۇ يالغانمۇ؟
دىمىدىممۇ دىمىدىممۇ، ئاللا بالىخان بالىخان راست كۆيدۈڭمۇ يالغانمۇ؟
ۋاي دىمىدىممۇ دىمىدىممۇ، ئاللا بالىخان بالىخان راست كۆيدۈڭمۇ يالغانمۇ؟

بۇغداي باغلىغان باغلىق، ئاللا بالىخان، يۈرەكنى داغلىق ياغلىق.
قىلىغىڭنى دىمىسەم ئاللا بالىخان چىرايلىقلىڭ چاغلىق.
دىمىدىممۇ دىمىدىممۇ، ئاللا بالىخان چىرايلىقلىڭ چاغلىق.
دىمىدىممۇ دىمىدىممۇ، ئاللا ۋاي بالىخان چىرايلىقلىڭ چاغلىق.
چىرايلىقلىڭ چاغلىق.

سەن بولمساڭ(ئابدۇغەنى خال)

خۇش سەزمەسمەن ئۆزەمنى پەقەت
كۈلەلمەيمەن ئېپىلىپ بىررەت
تۈنلەردىمۇ چىكمەن ھەسرەت
سەن بولمساڭ بولمايدۇ ماڭا

كىچە بولسائۇخلىيالمايمەن
ياكى سىنى ئۇنتالمايمەن
سەنسىزيالغۇزياشيالمايمەن
سەن بولمساڭ بولمايدۇ ماڭا

قىلدى تەقدىربىزلەرنى جۇدا
كۆرۈشەرمىز تەن ئامان بولسا
كۆرۈشكىچە مىنى ئۇنۇتما
سەن بولمساڭ بولمايدۇ ماڭا.

مەن بۇ ناخشىنى بۇرۇن خالىدە ئىمام ئىيتقان چاغدا بەك ياختۇرۇپ ئاڭلايتتىم ...

تۈنجى مۇھاببەت

يۈرەكنى جۇپ قوللاپ تۇتالامسەن دەپ ،
ئويغۇتۇپ مەيلىمنى قىلىپ سەن شەرەپ.
ئىلىپ بوپ كۆڭلۈمنى شىرىن سۆز بىلەن ،
قالدۇرۇپ كەتتىڭغۇ قەلبىمگە ھەسرەت .

ۋەدىلەر بار ئىدى مەڭگۈلۈك ئەبەد ،
گۈللەرمۇ بىزلەرگە قىلاتتى ھەسەت .
ئەمدى سەن مۇڭلۇنۇپ كۆيدۇرۇپ يۈرەك،
يۈرگەن سەن ئامرىقىم كۆڭلۈڭنى بەزلەپ .

قەلبىمدە تىپىرلاپ ئۆكۈنۈش نەپرەت ،
يۈرەكنى قامالاپ ھىجران ھەسرەت .
ئۆلدى دەپ ئويلىسام سۆيگۈمنى ئەبەد،
نىمىشقا ئۇنتۇلماس تۈنجى مۇھابىەت ،تۈنجى مۇھاببەت...

رەشىدە داۋۇت <<ئۇيغۇر قىزى>>

ئاينى مەن ئاسماندا دىسەم ،
تاركوچىدا ئاي باركەن .
مەن سىنى يارىم دىسەم ،
يانىڭدا يارىڭ باركەن .

ئاسماندىكى بىر جۈپ كەپتەرنىڭ ،
ئاغزىدا دان دانىسى .
مەن ئۆزەم ئۇيغۇر قىزى ،
ئۇيغۇر يىگىت جانانىسى .

ئا گۈلمىدىڭ ئاچىلغىلى ،
غۇنچەمىدىڭ قايرىلغىلى .
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى ،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلغىلى .

## ئانا....شىرزات نۇر

ئانا قەلبى دەرياكەن .
ئالەم ساڭا شەيداكەن .
مېھر نۇرۇڭ ھەممىگە .
چاقناپ تۇرغان زۆھرەكەن.

ئانا يۈرىكى لاۋا .
باغرىڭ تۇپراقتۇر گويا.
سېنىڭ ئارزۇ بىغىڭدىن.
ئۈنەر گۈل-گىياھ.

ئانام سەن گۈلخان.
جېنىم ئانام تايانچىم.
ئايۋانىڭدا ئۈنلەيدۇ.
مېنىڭ بەخت قالغىچىم.

مودەنخان
يارىم بىلەن ئىككىمىز،
جىنىم...ۋاي خىنىمەي ئايارەي.
بىر مەلىدە چوڭ بولغان،
جىنىم ۋاي خېنىم مودەنخان.

باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
جىنىم...ۋاي خىنىمەي ئايارەي.
ئايرىلماسقا دوست بولغان،
جىنىم ۋاي خېنىم مودەنخان.

ناخشا ئىسمى ئېسىمدە (يوق لېكىن بۇ ناخشىنى ئەسقەر خۇيلاڭ ئېيتقان)

ئاسماندىكى چولپانىنىڭ شام چىراغى بارمىدۇ
يۈرۈگۈمگە قاراپ باق كۆيگەن داغى بارمىدۇ
شىلدىر-شىلدىر قۇمۇشقا ئوتنى ياقتىڭ نىمىشقا
كۆڭۈل بەرمەي شۇ يارغا تاشلىۋەتتىڭ نىمىشقا

سەھەر ۋاقتى بىر گۈزەل يار بىلەن ئېيتسام غەزەل
كۆيگەنىم شۇ سۆيگەنىمنى بىلسىڭىز

ئالمىنىڭ شاخى تولا ئېگىلىپ سۇنمايدىكەن
بۇ قىزنىڭ گېپى تولا گېپىدە تۇرمايدىكەن
سەھەر ۋاقتى بىر گۈزەل يار بىلەن ئېيتسام غەزەل
كۆيگەنىم شۇ سۆيگەنىمنى بىلسىڭىز

ئاق كەپتەرمۇ ئۈنلەيدۇ كۆك كەپتەرمۇ ئۈنلەيدۇ
ئادەم دىگەن ھۆل نەرسە كۆيەك ئوتغا ئۆلمەيدۇ
سەھەر ۋاقتى بىر گۈزەل يار بىلەن ئېيتسام غەزەل
كۆيگەنىم شۇ سۆيگەنىمنى بىلسىڭىز

<<ئۇقيا>>

ئۇقيابولۇپ تەگدى يۈرەكنىڭ بىغىغا،
سۆيگەن يارىم دەرتلىرى.
بىلمىدى قاچان تۈگەر،
بۇ يۈرەكنىڭ دەرتلىرى،

سىنى دەپ مەن تاسلا قالدىم ،
ئەزىز جاندىن كەچكىلى،
شىرىن جاندىن كەچكىلى.

باشتا قىلساڭ گېپىڭنى ئۇچۇق،
يۈرەك باغرىم بولماستى پۇچۇق.
سىنى دەپ مەن كەزمىگەن ،
قالمىدى سەھرا شەھەر.

تاقەت يوقتۇر بۇ جىسمىدا،
يىگىنىم بولدى زەھەر،
سالمىدىڭ سەن بىر نەزەر.

شۈنچىلىك ئامراق ئىدۇق بىز،
جانىمۇ ئايمايدىغان.
بىلمىدىم كۆز تەگدىمۇ،
سۆيگىمىز بولدى خازان.

يارىم دەرت پىراقىدا،
قىينىلىپ ئاز قالدى جان.
سەن بولغىن مەڭگۈ ئامان.

- سەن يوق

مۇھەممەتجان راشىدىن

چىنەڭگە ئاھ ئانام زەمزەم قۇيۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق،
نىتەي ئەجرىڭ ئۆچۈن پاقلان سويۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق.

تۆتۈپ چىقماقنى ئويلايمەن ئۆچاقنى تۈن بويى ئەمدى،
بېشىڭغا قوش تەكى- ياستۇق قويۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق .

بالامنى ئالغۇچە ئەتەڭ،سېنى ئالسامچۇ بوينۇمغا،
زۆرۈر بولسا ساڭا پەيتۈن بولۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق.

ساڭا قانماي تۆرۈپ باغرىم ھاياتلار قەۋمىدىن كەتتىڭ،
قۇيۇپ ئالدىڭغا قايماق چاي،سورۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق.

مېنىڭ ئادەمىلىكىم بولغان سېنىڭ تەنبىھلىرىڭ بىرلە،
،مېنى ئۇرساڭمۇ مەيلتى،تۆرۈپ بېرەي دېسەم سەن يوق .

ئۆزۈڭ بەرگەن ئەقلىدىن سەن ئۆزۈڭ بىر ئىمتىھان ئالساڭ،
ئېقى قايسى،قارا قايسى تونۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق .

چۈشۈمدە ‹‹ئۇسسۇلۇق!››دەپسەن،‹‹ئانا!›› دەپ ئويغىنىپ كەتتىم،
لېكىن پىيالىدە شەربەت سۇنۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق .

سېنىڭ ئەجرىڭدە ئەر بولدۇم،ئېگىز شاخلارغا قول سۇنغان،
بىراق شاختىن ئانار-ئالما،ئۆزۈپ بېرەي دېسەم سەن يوق.

ساڭا بەرگەننى ئەرزىيتى،قىرىق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزسەم،
ساڭا شەربەتنىمۇ ھەتتا سۈزۈپ بېرەي دېسەم سەن يوق.

يېشىل ياز كەتتى،قاقىرلار ئەنە قايتىشتى سەپ تارتىپ،
نېتەي ھەرياز بىرەر قوغۇن تىلىپ بېرەي دېسەم سەن يوق.

سېنىڭ بارىڭدا قەدرىڭنى ئەجەپ بىلمەپتىمەن ،ئەمدى
ساڭا كۆيگەن بۇ باغرىمنى يېرىپ بېرەي دېسەم سەن يوق.

## سۆيەلمىدىم ھېچكىمنى سەندەك (مۆمىنجان ئابلىكىم)

سۆيەلمىدىم ھېچكىمنى سەندەك،
ياشاپ كەلدىم روھى يوق تەندەك.
يۈرەكىمكىن كەچ كۈزمۇ مەندەك،
سۆيەلمىدىم ھېچكىمنى سەندەك.

ئۇخشاپ قالدىم قەلبىم ھەسرەتكە،
ئايلانغاندا ئەقىدەم دەرتكە.
ئورۇن بەرمەي سۆيگۈم نەپرەتكە،
سۆيەلمىدىم ھېچكىمنى سەندەك.

كۆزۈمگە مۆئەللانغان دۇنيا،
كۆڭۈللەرگە شادلىق-تۇتىيا.
يارالغاندەك سەن ئۈچۈن دۇنيا،
سۆيەلمىدىم ھېچكىمنى سەندەك.

## دەپتىمەن

ئاشىق يارنى كۆرەلمەي سەۋدا بوپتىمەن،
بەختى ئۈچۈن كۈلەلمەي قايغۇ يەپتىمەن.
مەشۇقى بوپ كۆرەلمەي ھىجراندا قىلىپ،
ئازاپلاررغا ئاھ ئۇرۇپ ئۆلدۈم دەپتىمەن.
نەقرات :
كۆڭلى ۋاپا شاش يىگىت دەپ ئويلاپ قاپتىمەن،
تىپىلمايدۇ جاھاندا دەپ داڭلاپ ساپتىمەن،
سىرلىرىڭنى بىلگەن چاغدا ئۆلمىدىم مەنمۇ ،
ئاھ ئىسىت دەپ ئەقىدەمگە يىغلاپ ساپتىمەن.

مۇھەببەتنى تاجۇ- تەخت قىلىپ كەپتىمەن،
ۋەدەلەرنى مەڭگۈلۈك دەپ بىلىپ كەپتىمەن.
ھاياتىمنى سىنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىپ،
ئۆزگىلەرگە كۈلۈپ يۈرسەڭ ئايەم دەپتىمەن،

ھە بولاپتۇ!

ئۆزۈڭلارچە ياردىن خەۋەر ئېلىپ يۈرۈپسىلەر،
ئاھ سىلەردىن يار ھالىنى كىم سوراپتۇ؟
ئۇنتۇپ كەتتى يارىڭ سېنى دەپ كەپسىلەر،
راستىنلا ئۇنتۇپ كەتكەن بولسا ھە بولاپتۇ.

سەۋەبسىزلا تۆكۈلمەيدۇ يار كۆزىدىن ياش،
چوقۇم يارىڭ يۈرەكىگە دەرت تولۇپتۇ.
تېپىلمايدۇ جاھاندا دەپ ماڭا تەڭداش،
خام-خىياللار سۈرگەن بولسا ھە بولاپتۇ.

ياتلار بىلەن يۈردى دەيسەن يارنى نىچۈن،
ياتلار بىلەن يۈرگەننى كىم سوراپتۇ.
يارىم مېنى مەڭگۈلۈك ئۇنتۇش ئۈچۈن،
ياتلار بىلەن يۈرگەن بولسا ھە بولاپتۇ.

پايلاپ يۈرمە نىگارىمنى كەينىدىن ھەرگىز،
يار بەختىنى تاپقان بولسا نېمە بولاپتۇ.
چىقىپمۇ قالار ماڭىمۇ يار بوپ ياخشى بىرسى،
مەندىن ئۆزگەن بولسا ئۈمىد ھە بولاپتۇ.

## • شەبنەم

بىغمىغا كىرىۋېلىپ،
گۈلۈمنى ئۈزەي دەمسەن.
دەرت ئۈستىگە دەرت سېلىپ،
كۆڭلۈمنى بۇزاي دەمسەن.

ئاق ئۆستەڭگە سۇ كەلدى،
كەڭ ئېرىققا باشلايمۇ.
كونا ياردىن خەت كەلدى،
يېڭى يارنى تاشلايمۇ.

قىزىل گۈل تارام- تارام،
ئۈستىدە شەبنەم قاراڭ.
يار دېگەن كۆڭۈل خۇشى،
تېپىلماس ئاتا- ئاناڭ.

گىتارنى تولا چېلىپ،
ئۈزۈلۈپ كەتتى تارىسى.
مەن يارنى دېگەن بىلەن،
يارنىڭ نېمە كارىسى.

## ئانانۇرخان

تۆرپان خەلق ناخشىسى

ئاتاڭ ئايمۇ ئاناڭ كۈنمۇ،
تۇغۇپتۇ سەن قىزىلگۈلنى.
سىنىڭ كۆيۈگىغا سىلىپتۇ،
مىنىڭدەك بىر غېرىپ قۇلنى.

دەرت كەلدى بۇ باشىمگە،
كىشى كەلمەيدۇ قاشىمگە.
كىشى كەلسە قاشىمگە،
خەت بەرسەم قاياشىمگە.

ئاتاسى بارمۇ تۇشقانىنىڭ،
ئاناسى بارمۇ تۇشقانىنىڭ.
بۇ شەدە نىمەسى بار،
مىنىڭدەك بەختى قاچقانىنىڭ.

ئاللا ۋاي ئانانۇرخان،
شەھرىگدە مۇساپىرمەن.

پات يېقىندا بارىمەن
بالام دەيسەن دىلىڭدا پىراق،
ئامالسىزمەن ئارىمىز يىراق.
كۈنلەر ئۇزۇن بولسىمۇ،بىراق
پات يېقىندا بارىمەن ئانا.
كۈنلەر ئۇزۇن بولسىمۇ،بىراق
پات يېقىندا بارىمەن دادا.
پات يېقىندا بارىمەن ئانا...

ئايرىلمىسام دەيمەن قېشىڭدىن،
چۈشلىرىمنى ئۆرۈپ بېشىڭدىن،
تۆكۈلىدۇ تولا يېشىڭدىن،
پات يېقىندا بارىمەن ئانا.
تۆكۈلىدۇ تولا يېشىڭدىن،
پات يېقىندا بارىمەن دادا.
پات يېقىندا بارىمەن ئانا...

دەرتلىرىڭگە بولالماي دەرمان،
بىر كۆرمەكنى قىلىمەن ئارمان.
ئۆز-ئۆزۈمنى ئالدايمەن ھامان،
پات يېقىندا بارىمەن ئانا.
ئۆز-ئۆزۈمنى ئالدايمەن ھامان،
پات يېقىندا بارىمەن ئانا.
پات يېقىندا بارىمەن دادا،
پات يېقىندا بارىمەن ئانا...

## • ئۇيغۇر قىزى

قاشلىرىڭ بەرگى قىياقتەك،
كۆزلىرىڭ ئويناق بۇلاق.
بىر قايرىلىپ قارىشىڭدىن،
نۇرلاندى دىللار چىراق.

جاھان گۈزەللىرى ئىچىدە،
تەڭداشسىز ساھىپجامال.
پاكلىقىڭدىن ئايمۇ خىجىل،
كۆز تىگىشتىن بول يىراق.

نۇردىن ئاق، ئۇيغۇر قىزى.
سۈتتىن پاك، ئۇيغۇر قىزى.

## قادىر مەۋلان

سېنى دەيمۇ، سېنى دەيمۇ، يارەي،
سېنى كۆرمەي ۋاي ئۆلەرمەنمۇ؟
سېنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم،
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ؟

مەن باغىڭغا كىرمەيمەن، يارەي،
ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن.
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە،
نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

- **قىزلار**

قوياش دېسەم قوياشتىن ئۆز ئىنسان قىزلار،
ۋۇجۇدىنى ئاتەش دېسە ۋولقان قىزلار،
جامالى ئاي،ئەھلا كۆزى چولپان قىزلار،
سۆيگۈ ۋاپا دۇنياسىدا سۇلتان قىزلار .

ئىشقى ئوتىدا ئاشىقلارنى كۆپ كۆيدۈرگەن،
قويۇپ گاھى دەرت ھىجراندا گاھ سۆيدۈرگەن،
شەرمى-ھايا بىلەن ئەلنى سۆيۈندۈرگەن،
سۆيگۈ ۋاپا دۇنياسىدا سۇلتان قىزلار .

سىلەر مېھر گۈل تاجىنىڭ دۇردانىسى،
ئەجداد ئەمگەك،شان-تۆھپىنىڭ پەرۋانىسى،
سىلەر مىللەت،ۋەتەنىنىڭ،يۇرتىنىڭ ئانىسى،
سۆيگۈ ۋاپا دۇنياسىدا سۇلتان قىزلار .

سىلەر بولغاچ ئۆزۈلمىدى ئەجداد-ئەۋلاد،
سىلەر بولغاچ بولمىدى يۇرت ،ۋەتەن بەربات،
سىلەر ئۈچۈن جەڭگە كىردى تالاي پەرھات،
سۆيگۈ ۋاپا دۇنياسىدا سۇلتان قىزلار .

مەپتۇن ئوماق گۈلكەڭلەرگە جېمى ئادەم،
يىغلىساڭلار يىغلار ئاسمان ،يىغلار ئالەم،
ناز-خۇلقىڭلار كەلتۈرىدۇ شادلىق-ئەلەم،
سۆيگۈ ۋاپا دۇنياسىدا سۇلتان قىزلار .

خېتىڭ كەلدى ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ
يوللۇرۇڭدا دەريا بارمىدى ؟
ياكى شۇنداق تەقدىر ئەزەلدىن
ئاشىقلارنىڭ يولى تارمىدى ؟
خېتىڭ كەلدى ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ
قونۇپ قالدىڭ قايسى ئۆتەڭدە؟
يىغلىمامدىم باغلاردا يالغۇز
سەن كەلمىسەڭ باھار كەلگەندە.
خېتىڭ كەلدى ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ
توستى كىملەر سىنىڭ يولۇڭنى؟
دۈشمەن تۇتسا قانداق چىدايمەن
مەن تۇتقىچە سىنىڭ قولۇڭنى .

سۆيگەن گۈزەلدۈر (مۆمىنجان ئابلىكىم)

سۆيگۈ بىلەن باشلىنىدۇ ئىنسان باھارى،
سۆيگۈ دىگەن جانىنىڭ ئوتى قۇۋۋەت مادارى.
ئۆنىڭ بىلەن تاپتى ھەركىم ئىززەت ـ ئىناۋەت،
سۆيگۈ بىلمەس سۆيەلمەسىنىڭ نە ـ ئەتۋارى.

قايتارما:
سۆيگەن گۈزەلدۈر-كۆيگەن گۈزەلدۈر،
جەۋرى ـ جاپاراھەتتى تەڭ كۆرگەن گۈزەلدۈر.
بۆئالەمدە گۈزەللەركۆپ كۆيگەن گۈزەلدۈر،
يۈرەگىدىن يالقۇنلىتىپ سۆيگەن گۈزەلدۈر،
سۆيگۈ ۋاپا پەيزىنى تەڭ كۆرگەن گۈزەلدۈر.

تەشنايمەن يۈرەك باغرى چاڭقاق ئەزەلدىن،
ئايرىلمىغان ئاشىقىنا چاڭقاق غەزەلدىن.
چىرايلىقلار مۆز گۈزەللەر سانىسىز جاھاندا،
تاللىۋالدىم دەل بىرسىنى مىڭلاپ گۈزەلدىن،

قايتارما:
سۆيگەن گۈزەلدۈر-كۆيگەن گۈزەلدۈر،
جەۋرى ـ جاپاراھەتتى تەڭ كۆرگەن گۈزەلدۈر.
بۆئالەمدە گۈزەللەركۆپ كۆيگەن گۈزەلدۈر،
يۈرەگىدىن يالقۇنلىتىپ سۆيگەن گۈزەلدۈر،
سۆيگۈ ۋاپا پەيزىنى تەڭ كۆرگەن گۈزەلدۈر.

ئۇۋالىم (ئابدۇللا ئابدۇرېھىم )

سۆيگەنتىم بۇرۇنلا سىنى دىلدىن ،
ھىلىھەم ئۆچمىدى شۇ ئوتلۇق پىراق،
پەرۋامۇ قىلمىدىڭ مىسكىن كۆڭلۈمگە،
باشقىلار قەلبىگە ياندۇردۇڭ چىراق .

ئۆرتەندىم ياش تۆكۈپ ھىجران ئوتۇڭدا،
يۈرەگىم ئېزىلدى بولدى لەختە قان،
زارىمدىن تاغلارمۇ كەلدى لەرزىگە،
يەنىلا پەرۋاسىز يۈردۈڭ سەن جانان .

شۇسەۋەب بۇ كۆڭلۈم بولدىغۇ يېرىم،
ئىشقىڭدا ئۆرتىنىپ قىينالدى جېنىم .
مۇھەببەت كوچىسى ياكى شۇنداقمۇ ،
كەلمەسمۇ ھاياتتا ساڭا ئۇۋالىم .

ئۇنتالمايسىز    (مۇمىنجان ئابلىكىم)

ئاي دىسەم ئايدىن ھەم گۈزەل ئىدىڭىز،
تۈنۈگۈن كۈندىن گۈزەل ئىدىڭىز.
سىزنى سۆيىمەن دەپ ئېيتقان ئىدىڭىز،
مىنى ئۇنتالمايسىز،ئۇنتالمايسىز.

دەرەخنىڭ بەرگىدەك كۆپ ئىدى سۆزلەر،
سىزنىڭ ئىزىڭىزدا ئىدى بۇ كۆزلەر،
ھامان خاتىرەمدىن كەتمەس بۇ سۆزلەر،
مىنى ئۇنتالمايسىز،ئۇنتالمايسىز.

ئۇزاقمۇ يىقىنمۇ بەلكى يولىمىز،
سىزدىن ئايرىمىدى ھىچ ھەم كۆڭلىمىز.
يىگانە سىز ئۈچۈن كۆيلەر كۈيىمىز،
مىنى ئۇنتالمايسىز ،ئۇنتالمايسىز.

كەتمىگەن كىم بار

ئەجەل خازان ئەتمىگەن كىم بار
بۇ پەللىگە يەتمىگەن كىم بار
مەيلى شاھ بول ۋە ياكى گاداي
بۇ دۇنيادىن كەتمىگەن كىم بار

كىمگە نۆۋەت قاچان قايسى كۈن
ئەجەل كىلۇر چىقارماستىن ئۈن
ئۆچكەن كەبى ئوچاقتا تۈتۈن
بۇ دۇنيادىن كەتمىگەن كىم بار

ئاتا قىلىپ كەتتى بالىسى
قالدى تالاي ئىشنىڭ چالىسى
ئەزدى دىلنى ئاچقان ھازىسى
بۇ دۇنيادىن كەتمىگەن كىم بار

مەيلى گۈل بول ۋەياكى تىكەن
جان تىنىڭدە ئامانەت ئىكەن
بىخۇتلۇغۇڭ نادامەت ئىكەن
بۇ دۇنيادىن كەتمىگەن كىم بار

قىزى بالا

مەن قىزى بالا چىچىم قاپقارا،
قىلغان ئىشىمنى ئاپامدىن سورا.
چىشلىرىم چوشۇپ بوپقالدىم كوماك،
يومشاق ناننىمۇ چاينايمەن ماك ماكئ

ئاپام مەكتەپكە ماڭدى قولتۇقلاپ،
قىرىپقاپسەن دەيدۇ ئەقلىمگە قاراپ.
چىشلىرىم چوشۇپ بوپقالدىم كوماك،
يومشاق ناننىمۇ چاينايمەن ماك ماك.

بىزگە ئەزەلدىن مەكتەپتۇر مەشرەپ،
ئوتتۇز ئوغۇلدىن ئوگەندىم ئەدەپ.
ئوچقۇر ئاتتەكلا كىردىم يەتتىگە،
بوۋام ئىزىدىن ماڭدىم ئەتىگە.

تېكىستى : موختار بوغرا.
مۇزىكىسى: ئەركىن ئابدۇللا.
ئورۇنلىغۇچى: ئەركىن ئابدۇللا.

# دادام

بۈگۈن يەنە دادام غەمدە كۆزلىرى ياشتا،
ئارمانلىرى تۈتۈنلەرگە ئايلانغانمىكىن.
تەلەيلىرى خازان بولغان باغۋەنگە ئوخشاش،
جان دادامنىڭ يۈرەكلىرى داغلانغانمىكىن.
نەقرات:
دادام ئەسلى بىر پاك ئىنسان پەرىشتە كەبى،
ناپاكلارنىڭ زۇلمىدىن خارلانغانمىكىن.
ئوۋچى قولىدا ئىڭراپ ياتقان كېيىككە ئوخشاش،
يا دادامنىڭ پۇت-قوللىرى باغلانغانمىكىن.

غەم-قايغۇدىن ئۇيقۇ يوقتۇر دادامغا ئەسلا،
غېرىپ دادام نامەرتلەرگە ئالدانغانمىكىن.
ھايات پەيزى سۈرۈپ يۈرگەن كۈلۈپ يۈرگەنلەر،
جان دادامنى ئالداشقىلا يارالغانمىكىن.

ئەلەملك دۆنيا

ئۆمۆر مەنزىل يوللىرىغا كىردىم مەن ،
بۆ يوللاردىن بىر ھېكمەتنى بىلدىم مەن.
ئامەت دەپ كەلسە دوستۇڭ مەن دەپ كەلگەنلەر ،
ئامەت كەتسە توزۇپ كېتەر ئىكەنلەر.

ئەلەملك دۆنيا ئىكەن بۆ ئىنسان بۆندا پىقىر ئىكەن
بارىڭدا پەرۋانە بولۇپ يوقۇڭدا يوقلىماس ئىكەن .

قېنى كىچە يۆرەكنى بەرگەنلەر ،
يوللارامغا قارىغانلار كۆتكەنلەر .
خەيرىيەتكى كۆزۈم كۆرمەس سىزلەرنى ،
نەپرەت سىزگە دوستۇڭ مەن دەپ يۆرگەنلەر .

ئەلەملك دۆنيا ئىكەن بۆ ئىنسان بۆندا پىقىر ئىكەن ،
بارىڭدا پەرۋانە بولۇپ يوقىڭدا يوقلىماس ئىكەن .

سادەقەتنى ئىزھار قىلسا كۆلدۆم مەن ،
يار ئالدىدا ئەمدى تۆۋە قىلدىم مەن .
كۆزۈم يۇمۇپ ئاڭلىدىم بۆ دۆنيا سىنى ،
جان دوستۇم كىملىكى ئەمدى بىلدىم مەن .

ئەلەملك دۆنيا ئىكەن بۆ ئىنسان بۆندا پىقىر ئىكەن،
بارىڭدا پەرۋانە بولۇپ يوقىڭدا يوقلىماس ئىكەن .

## تارىم ناخشىسى

مەن تارىم بۆيىغا كەتتىم،
كۆيۈشكەن يارلار خوش ئەمدى،
بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن،
ئارزوگۈللەر خوش ئەمدى.

مەن تارىم بۆيىغا بىرىپ،
هارماي تالماي ئىشلەيمەن.
ئەگەر كەلسەڭ تارىمغا،
گۈل-چىچەككە ئورايمەن.
ئا........ئايىارەي،
گۈل-چىچەككە ئورايمەن.

# ئانا

پەرىشتىدەك ئانامنى چۆچەكلەردىن ئىزدەيمەن،
سۈيى تىنىچ سۈپسۈزۈك كۆلچەكلەردىن ئىزدەيمەن.
زەرداپ بولغان قان بولغان يۈرەكلەردىن ئىزدەيمەن،
يا ئېچىلغان يا سۇلغان چىچەكلەردىن ئىزدەيمەن.

سىزگە ئوخشاش ئاپئاق قار قارغا ئوخشاش ئاپئاق چاچ،
باشلاردا ئاق بەلدە ئاق قىرووۋلىدى كۆزدە ياش.
منى قىلدى قارىلىق دۇنيا دىگەن باغرى تاش،
نەقىشلەنگەن دىرىزە كۆزنەكلەردىن ئىزدەيمەن.

باھار كەلدى نەچچە رەت ھىيت ئوينىدىم مەن تالاي،
دوستلار كەلدى تۇيۇمغا ھەم سودىگەر ھەم گاداي.
ئەمما ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ جىنىم ئانا گۈل چىراي،
نەزىر-چىراق تويلار ھەم كۆرەكلەردىن ئىزدەيمەن.

جەننەت دىگەن ئايىغىڭ ئاستى ئىكەن جان ئانا،
يىللار دىگەن ھامان جان قەستىدە ئىكەن جان ئانا.
سىنىڭ قەددىڭ تەڭرىتاغ بەستىڭ ئىكەن جان ئانا،
قۇياش كۈلگەن كىلەچەك تىلەكلەردىن ئىزدەيمەن.

## ئاق بوز ئاتىم

ئاق بوز ئاتىم ئاق بوز ئاتىم،
يايلىغىنى ئۆزات.
بۈگۈن كېچە يار قاشىغە،
يەتكۈزگىن بوز ئات.

بۈگۈن كېچە يار قاشىغە،
يەتكۈزسەڭ بوز ئات.
يۈگىنىڭنى ئېلىپ تاشلاپ ،
قىلىمەن ئازات.